# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئۆز رايونىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئارقىلىق «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، زېمىن بوشلۇقنى ئېچىش، قوغداش ئەندىزىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاساسىي فۇنكسىيەلىك رايون ئورۇنلاشتۇرمىسىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، ئۇتقىلىق كەسىپ، مۇھىم ساھەلەرنى يېشىللاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش سالمىقىنى زورايتىپ، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق، قۇمنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېكولوگىيە ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلاپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. باشتىن - ئاخىر ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خەلق تۇرمۇشى تۆۋەن چېكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي ئىشلارنى ياخشى قىلىپ، ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ ئومۇملىشىش ۋە باراۋەرلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، گۈزەل، ياشاشقا باب كېلىدىغان، كەسىپلىرى گۈللەنگەن، كىشىلەر ئىناق ئۆتىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا - كەنت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى پۇختا تۇرغۇزۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن تۇتاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆرەش قىلىش روھىنى كۈچەيتىپ، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىش كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن شى داگاڭ، پېڭ جياروۋي، غانىبات سابۇكەي، جۇ خەيلۇن، زۇمرەت ئوبۇل، مۇقىيات جارمۇقاممەت، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز، دىلشات قىدىرقان قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تەۋسىيەلەرنى ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇشقا پۇختا ئاساس سالدى. يىغىندا، ۋەكىللەر يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، بىرقەدەر پىشقان تەكلىپ، تەۋسىيە ئارگىنالىنى شەكىللەندۈردى.

تۆت تەكلىپ تۆۋەندىكىچە: پىدائىيلار قانۇنىنى تېزدىن قانۇن چىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتلاق قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق دەۋا قانۇنىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ؛ كارخانا جىنايەت ئۆتكۈزسە قوشۇمچە شەرت بىلەن ئەيىبلىمەسلىك تۈزۈمى تۇرغۇزۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ. تەۋسىيەلەر ئاساسلىقى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ قۇرۇق مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى «يېشىل يول» سىياستىگە كىرگۈزۈشنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى تەۋسىيە، شىنجاڭنىڭ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى تەۋسىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇ تاۋ قاتارلىق ۋەكىللەر مۇنداق قارىدى: 2017 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «پىدائىيلار مۇلازىمىتى نىزامى» پىدائىيلار، پىدائىيلار مۇلازىمىتى تەشكىلاتلىرى، پىدائىيلار مۇلازىمىتى ئوبيېكتلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، پىدائىيلار مۇلازىمىتى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە چېتىلىدىغان سۇبيېكت، مۇھىم ئامىل ۋە ھالقا كۆپەيدى، دۆلەت قاتلىمىدىن مەخسۇس قانۇن چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. پىدائىيلار قانۇنىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈشكە پائال تۈرتكە بولۇپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتى سىستېمىسىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ھازىر، باغ - ئورمانچىلىق شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىقتىسادىدىكى تۈۋرۈك كەسىپلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى، لېكىن شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى رايونلاردىكى بازارلار بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق، توشۇش ۋاقتى ئۇزاق، سوغۇق زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى تەرەققىي قىلمىغان بولغاچقا، مېۋە - چېۋە، قۇرۇق مېۋىلەرنى سىرتقا سېتىش - توشۇشنىڭ تەننەرخى ۋە خەۋپ - خەتىرى ئېشىپ، شىنجاڭنىڭ خاس باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توشۇشتىكى «يېشىل يول» سىياستىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، نۆۋەتتە «يېشىل يول» سىياستىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان نەشپۈت، چىلان(ھۆل) ۋە ئۈزۈم قاتارلىق قىسمەن تۈردىكى يېڭى مېۋىلەرنى قۇرۇق مېۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرى ھەم دەسلەپكى پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارغىچە كېڭەيتىشنى ھەم شىنجاڭدىن چىقىدىغان پىششىقلانغان باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىغا توشۇش ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى.

شىنجاڭ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆزگىچە يوروقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى ئەۋزەللىككە ئىگە، بوستانلىق سۇغىرىش يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى كۆلەملەشكەن، كەسپلەشكەن ئۇرۇق يېتىشتۈرۈشنى شارائىت كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشىنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش كەسپىنى شىنجاڭنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تىرەككە ئايلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەۋسىيە قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەر يىلى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش خىزمىتىدە تۆھپىسى گەۋدىلىك ئەزالارنى تەقدىرلەش قارار قىلىندى. بۇ يىل، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەلا ئادا قىلىش مۇكاپاتى تۇنجى قېتىم تارقىتىلدى.

«بۇلتۇر مەن ئۈچۈن ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە - تەدبىر كۆرسىتىش نەتىجەم ئەڭ مول بولغان بىر يىل بولدى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، مەن خىزمىتىمنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىدىن خۇشال بولدۇم، شۇنداقلا ئۆزۈمدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تارىختىن ئۆگىنىپ، خەلقتىن ئۆگىنىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدە يىلتىز تارتىپ، كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خەلق رايىغا قۇلاق سېلىپ، مەسئۇلىيىتىمنى ئەستايىدىل ئادا قىلسام، ئاندىن خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە يۈز كېلەلەيمەن» دېدى ئەزا نيۇ رۇجى.

ئەزا نيۇ رۇجى ئىزچىل جۇڭخۇا مەدەنىيىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق ساھەلەرگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، بۇ ساھەلەردىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە ھەققىي تەكلىپ بېرىپ، ياخشى چارە كۆرسەتتى، تەكلىپلىرى ۋاقتىدا قوبۇل قىلىنىپ، پائال ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەنتتە تۇرۇش كەچۈرمىشلىرى ئەزا نيۇ رۇجىنى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى خەلق ئەھۋالى، خەلق رايى توغرىلىق بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشتۈردى، مۇشۇ ئاساستا، ئۇ كۆپ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن باللار مائارىپىغا مەدەت بەردى ۋە كۈچ قوشتى، ئاممىنىڭ ئەڭ ھەققىي تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلدى، ئۇ يەنە ئاممىنى ئورتاق ھېسسىيات داۋامىدا «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىشكە پائال يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتۇردى.

«مۇكاپاتقا ئېرىشىش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش خىزمىتىمنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن مەن مەسئۇلىيىتىمنى بۇرۇنقىدەكلا تولۇق ئادا قىلىپ، چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، باشتىن - ئاخىر توغرا ئېتىقاد تۇرغۇزۇش، توغرا يولدا مېڭىشنىڭ تارقاتقۇچىسى ۋە ئەمەلىيەتچىسى بولۇپ، داۋاملىق كۆپ كىتاب ئوقۇپ، كىتابنى ياخشى ئوقۇپ، كۆپ لېكسىيە سۆزلەيمەن، دۇنياغا شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەيمەن» دېدى ئەزا ياڭ جيې.

ئەزا ياڭ جيې ئىلگىرى «مەن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، تېخىمۇ مۇھىمى دۆلەت پۇقراسى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، كۆپچىلىكتە تونۇش بولۇپ كەتكەن. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغاندىن بۇيان، ياڭ جيې جۇڭخۇا مەدەنىيىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەت، دىن قاتارلىق ساھەلەرگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۇنىڭ تەكلىپىنى كۈچلۈك قاراتمىلىققا ۋە ئۈنۈمدارلىققا ئىگە قىلدى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدا نامراتلارنى يۆلەش، مائارىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىقلارغا ئائىت نۇرغۇن جەھەتلەردىكى تەكلىپلەرنى تاپشۇردى ھەم تەكلىپلەر قوبۇل قىلىندى. دىن ساھەسىدىكى بىر ئەزا بولۇش سۈپىتى بىلەن، ياڭ جيې يەنە ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك لېكسىيە سۆزلەش پائالىيەتلىرىگە كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، ۋەتەننىڭ ياخشى سىياسىتى، شىنجاڭدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە يەتكۈزۈپ، كەڭ كۆلەمدە ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆز قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسى ۋە شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى، ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى، خىزمەت تۈزۈمى ۋە ئىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈر.

ۋەكىل خې شىڭلياڭ مۇنداق دېدى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشتىكى مەقسەت مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى، مەخسۇس كومىتېتلىرى، خىزمەت كومىتېتلىرى قاتارلىق ئاپپاراتلارنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى ۋە ھەرىكەت مىزانىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن تۈزۈمى ۋە خىزمەت تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى بىلەن باشقا ئالاقدار دۆلەت ئورگانلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا ئىگىلەپ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلار، رېۋىزىيە ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى قاتارلىق دۆلەت ئورگانلىرىغا بولغان خىزمەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ۋەكىل فاتىمە مۇنداق دېدى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش دۆلەت ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى بويىچە تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىشىشى، ئۆزئارا ماسلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك قىلىشى ۋە تەشكىللىشىگە، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا پايدىلىق.

ۋەكىل سۈن چۈنۋاڭ مۇنداق دېدى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشىنىڭ مۇھىم تۈزۈم كاپالىتى. تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئەمەلىيىتىدىكى يېڭى تەجرىبە، يېڭى نەتىجىلەرنى يەكۈنلەپ، قوبۇل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋاللارغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا يولۇققان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك.

ۋەكىل چېن لياڭ، لى بىن، مىن شياۋچېڭ، جاڭ يەن مۇنداق دېدى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەڭ بالدۇر تۈزۈلگەن قانۇنلارنىڭ بىرى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، بىر قىسىم پىشقان، ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قانۇن - تۈزۈم ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇپ، سىجىل تۈردە يېڭى ئەمەلىيەت داۋامىدا ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى، مۇكەممەللىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش زۆرۈر. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىر، پۈتۈن جەريان دېموكراتىك بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، خەلق ئۆزىنىڭ ئۆزى ئىگە بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈزۈم كاپالىتى، ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ رېئال ئېھتىياجى بولۇپ، زۆرۈر بولغان تۈزىتىش كىرگۈزۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ۋەكىللەر بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە)»نى تامامەن قوللايمىز، قەتئىي ھىمايە قىلىمىز. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، قارار لايىھەسىدە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئالاقىدار سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دائىر رېئال ئېھتىياج ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى تولۇق ئويلىشىلغان بولۇپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شياڭگاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدا يېڭى ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى چىقىرىلدى. بۇ تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ۋە ئاساسىي قانۇندىكى پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇن، شياڭگاڭ نېگىزلىك قانۇنىغا ئۇيغۇن، پۇختا سىياسىي ئاساس ۋە قانۇنچىللىق ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ، شياڭگاڭنىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن پېڭ جياروۋي، غانىبات سابۇكەي، جۇ خەيلۇن، دىلشات قىدىرقان قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

ئاپتونوم رايوننىڭ ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىلدى

# ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۈچلۈك كاپالەت، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «13 - بەش يىل» ۋە 2020 - يىللىق ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى خۇلاسىلەندى، «14 - بەش يىل» ۋە بۇ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى باش تېما، يۇقىرى سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى نىشان، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىشنى باشلامچى قىلىپ، ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە - مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كاپالەت سەۋىيەسى ۋە باشقۇرۇش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئىقتىسادچىللىقنى قاتتىق يولغا قويۇپ ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى ئاپپاراتلارنىڭ ئېنېرگىيە بايلىقىنى تېجەش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كېڭەيتىش كېرەك. قانۇنچىللاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئورگانلارنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئايلىنىشىغا تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىش، تېجەشلىك ئورگان قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، كەڭ كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، يۇقىرى ساپالىق كەسپىي ئىختىساسلىقلار قوشۇنى بەرپا قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ئورگان ئىشلىرى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۈچلۈك كاپالەت، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك.